ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئۇمۇمىي 1 ـ سان

ئاۋغۇست 2020

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



## مەشھۇر ئىنقىلابچى، سىياسىيون، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى ئەسلەيمەن.

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# تۇغرا تەشۋىقات
# ئۇيغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

دەۋرىمىزدە ئاخباراتچىلىق ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ساھەلەردىن بىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي،ھەتتا ئائىلىۋى ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان قورالغا ئايلانماقتا. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئاخبارات زومىگەرلىكى يۈرگۈزۈپ، ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى كونترول قىلىۋېلىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ تۈرلۈك قىممەت قاراشلىرىنى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش، ئۆزگەرتىش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي ھاياتتا ئوخشىمىغان مۇھىت، پەرقلىق پىكىر-چۈشەنچىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسى، ئەخلاقى، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقتا.

ئاخبارات ساھەسىنىڭ كۈچىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىزنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى، پىكىر-چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتىش، مېڭىسىنى يۇيۇش، خىتاينى دۈشمەن كۆرمەيدىغان بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن ۋە كېتىۋاتىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى 1949-يىلى ئىشغالىيىتىدىن كېيىن ھازىرغىچىلىك ئوخشاشلا ئاخبارات كۈچى ئارقىلىق خەلقىمىزنى دىنسىزلاشتۇرۇش، مىللىي كىملىكىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى يوقىتىش، ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن، كۇلتۇر-مەدەنىيەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، تەلىم-تەربىيەدە خىتايلاشتۇرۇش پىرىنسىپى ئاساسىدا ئىزچىل كۈچەپ، خەلقىمىزنى كونترول قىلىپ كەلمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن 2014 - يىلىدىن تارتىپ مىليونلىغان خەلقىمىزنى جازا لاگېرىغا قاماپ، مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان نارەسىدە پەرزەنتلىرىمىزنى ئائىلىسىدىن ئايرىپلا قالماستىن، خىتايلاشتۇرۇش،ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش

جىنايەتلىرىنى يەنىلا ئاخبارات كۈچى ئارقىلىق پەردازلاشقا، خەلقئارا جامائەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

شەرقىي تۈركىستان ئاخباراتچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مۇشەققەتلىك بىر تارىخىي جەريانىنى كۆرۈۋالالايمىز. ۋەتىنىمىز 1759 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە خىتاي تەرىپىدىن ئۈچ قېتىملىق ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدىكى ئويغاق زاتلار يەنىلا ئۆز زامانىغا لايىق ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىمىزنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشقان.

بىز شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن 12 يىل مابەينىدە ئاخبارات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. بىز «توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر» دېگەن شوئار ئاستىدا ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي پىكىر-چۈشەنچىلىرى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرى، ئەمىر-پەرمانلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە تەسىس قىلغان ئاخبارات ئورگىنىنىڭ «ئىستىقلال مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىدا تىلغا ئېلىنغان «دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ئىش-ھەرىكەتتە بىرلىك» چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىپ، خەلقىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تېمىلار ئۈستىدە توختىلىپ، خەلقىمىزگە يول خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز.

بىز غايە-مەقسەتلىرىمىزنى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

1. قىلىۋاتقان خىزمىتىمىزدە دىنىي، مىللىي قىممەت قارىشىمىزنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرھاللىق بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈش، ھەرقانداق ئاشقۇنلۇق ياكى خاتا پىكىر-چۈشەنچىلەردىن يىراق تۇرۇش.

2. ۋەتەن ئىچى ۋە مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ دىنىي، مىللىي، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

3. ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلق ئىچىدە توغرا پىكىر ئاساسىنى يارىتىش ۋە خەلقنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈش.

4. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ياشلار ۋە يېڭى ئەۋلادلارنى ئاڭ-چۈشەنچە ۋە پىكرىي جەھەتتىن ئويغىنىشقا چاقىرىش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش.

5. ۋەتىنىمىزگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك خەۋەر ۋە مەلۇماتلارنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىش.

6. خىتايلارنىڭ خەلقىمىزگە قارشى قوللانغان تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا، يالغان-ياۋىداقلىرىغا ۋە سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش.

7. خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياماچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاش.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئوخشىمىغان

كاتېگورىيەلەردە سەرخىل پىروگراممىلارنى ئىشلەپ، خەلقىمىزگە توغرا بولغان پايدىلىق ئۇچۇر-مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈش، خەلقىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىنى ناتوغرا پىكىرلەردىن قوغداپ قېلىش، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتى تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز ۋە بۇ يولدا ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەت كۆزلىمەستىن، دەۋەت ۋە تەشۋىقات جەھەتتىكى خىزمىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مۇھىم خەۋەرلەر، ماقالىلەر ۋە ئانالىزلار توپلانغان، تۆت خىل تىلدا تارقىتىلىدىغان «ئىستىقلال ئاۋازى» ژۇرنىلىمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتا ئىشەنچلىك مەنبە، تارىخىي پاكىت ۋە ئارخىپ سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلغۇسى.

**شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**

**-ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق**

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇخبىرى-مۇنىر يېرزىن

-نەبىجان تۇرسۇن( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)



29-ئىيۇن كۈنى ئۇيغۇر خەلقى 20-ئەسىر تارىخىدىكى ئەڭ شەرەپلىك سەھىپە، يەنى ئۆز مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇخبىرى- مۇنىر يېرزىن ئەپەندىدىن ئايرىلدى. دېمەك تاتار ۋە ئۇيغۇر ئىككى قېرىنداش خەلقىنىڭ پەرزەنتى، بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرىگە ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئۇيغۇرشۇناس مۇنىر يېرزىن ئەپەندى 2020-يولى 29-ئىيۇن كۈنى 92 يېشىدا ئالمۇتادا ۋاپات بولدى.

1944-يىلى، 17-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە «ئازاد شەرقىي تۈركىستان » گېزىتى بىراقلا ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گېزىت يەنە قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە شىبەچە چىقىرىلىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمىي ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتى بولۇپ، بۇ گېزىتخانىدا دەسلەپتە ھەبىب يۇنۇچى، يەنە ھۈسەيىن ناسىرى، ئارقىدىن ئەسھەق ئىسھاقوف قاتارلىقلار باشلىق بولدى، 1947-يىلىدىن 8-ئايدىن كېيىن ئۇيغۇر سايرانى باش بولدى. بۈگۈن بىز بىلەن ۋىدالاشقان مۇنىر يېرزىن ئەنە شۇ گېزىت 1946-يىلى، 7-ئاينىڭ 1-كۈنى « ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» نامىغا ئۆزگەرتىلىپ داۋاملىق چىقىرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەنى 1947-يىلى 8-ئايدىن تاكى 1949-يىلى 10-ئايدا خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەزكۇر گېزىت «ئىلى گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگىچە مۇخبىر بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندى 1928-يىلى ئالتايدا تاتار زىيالىيسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1942-1945 -يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆكىلىك خىتاي دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1946-يىلى، 9-ئايلاردىن باشلاپ، تاكى 1947-يىلى، 8-ئايغىچە ئەخمەتجان قاسىمى كونتروللۇقىدىكى ئۇيغۇرچە، قازاقچە« شىنجاڭ گېزىتى» دە خىزمەت قىلغان، 1947-يىلى، 8-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمغا ئەگىشىپ غۇلجاغا كېتىپ،«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان »گېزىتىدە تاكى

1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلغان ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىشنى رەت قىلىپ، غۇلجىدا قالغان. ئۇ، 1955-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە 1967-يىلىغىچە ئالمۇتادا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ، 1967-يىلىدىن باشلاپ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىدە، 1986-1996يىللىرى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.



مۇنىر يېرزىن تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مەتبۇئات تارىخى ھەققىدە كاندىدات دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يېزىپ، تارىخ پەنلىرى كاندىدات دوكتورى بولغان ھەم ئۆمرىنىڭ 50 يىلىدىن ئارتۇق ۋاقتىنى مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر مەتبۇئات تارىخى شۇنىڭدەك يەنە تاتار تارىخى مەسىلىلىرىگە بېغىشلىغانىدى.

مۇنىر يېرزىن ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بويىچە «سوۋېت ئۇيغۇر مەتبۇئات تارىخى» قاتارلىق بىر قانچە كىتاب ۋە ماقالىلەر توپلاملىرىنىڭ ئاپتورىدۇر.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ «تارىخ ۋە بۈگۈن» سەھىپىسىگە كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ 1944-1949يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دەۋرىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھايات كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. مۇنىر يېرزىن ئەپەندى ئىنقىلاب رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مۇھىم ئەربابلار بىلەن سۆھبەتداش بولغان ۋە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندىغان. ئۇ، 1946-1949يىللىرىدىكى ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر شۇنىڭدەك شاھىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ ئاخىرقى مۇخبىرى ئىدى.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندىنىڭ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە بىرگە خىزمەت قىلغان خىزمەتداشلىرى نۇر بوساقوف، زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، تۇرسۇن ئىسرايىل، ئىبراھىم نورۇز، ئابدۇرېشىت ئىمىن، خەمىت تۆھپى، تۇرغۇن ئالماس ۋە باشقىلار ئىلگىرى-كېيىن ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، مۇنىر يېرزىن ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەش تارىخىدىكى شەرەپلىك ۋە جەڭگىۋار مەتبۇئات ئورگىنىنىڭ ئاخىرقى گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ياشاپ، نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ۋە باشقىلارنى سۆزلەپ بېرىپ خەلققە تەقدىم قىلغانىدى.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندى بىلەن تۇنجى قېتىم 1991-يىلى، 6-ئايدا ئالمۇتادا پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2-قېتىملىق ئۇيغۇرشۇناسلىق كونفېرېنسىيەسىدە كۆرۈشكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم موسكۋادىن ئالمۇتاغا كېلىپ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى دوستلار ۋە ئالىملار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە مۇنىر ئاكا بىلەنمۇ سۆزلىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرغانىدىم. مۇنىر ئاكا كىچىكىدىن خىتاي تىلىدا ئوقۇغان ۋە ئۈرۈمچىدە خىتاي تىلىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە

مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھەتتا قەدىمكى خىتاي تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى ۋە خىتاي مەنبەلىرى بويىچە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر تارىخى مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقاتى ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىق تارىخى بولۇپ، ئۇ 20-ئەسىر ئۇيغۇر مەتبۇئات تارىخى ساھەسىدىكى ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئىدى.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندى 2000-يىللاردىن باشلاپ تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەنمۇ يېقىن ئالاقىلاردا بولغان بولۇپ، تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا يېقىندىن ئېتىبار بېرىش بىلەن ئۇنى تاتار ۋە ئۇيغۇر ئىككى قېرىنداش خەلقنىڭ ئالىمى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىگەندى. تاتارىستان پرېزىدېنتىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالى ھۆرمەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ ھەم تاتار تارىخى بويىچىمۇ ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىغانىدى.

مۇنىر يېرزىن ئەپەندى بىلەن 2010-يىللاردىن باشلاپ كۆپ قېتىم تېلېفون سۆھبىتى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى شاھىت بولغان 1940-يىللار، بولۇپمۇ 1946-1949يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەسلىمىلىرىنى خاتىرىگە ئالغانىدىم. 2018-يىلىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ سوئاللارغا جاۋاب ئالدىم. مەرھۇم بىلەن بۇ يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قانچە قېتىم سۆھبەتلەشتىم. بۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى سۆھبىتىم ئىدى.



مۇنىر يېرزىننىڭ ئۆزى شاھىت بولغان ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى راتسىچىل، ھەقىقىي، ئەمەلىي ۋە ئېنىق بولۇپ، ئۇ بىر تەلەپچان ئالىم ۋە ئىنقىلاپ ساھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن قارايتتى، كۆپتۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش ۋە ياكى ساقتىلاشتۇرۇشتىن ساقلىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تارىخى بايانلىرى ئەڭ رەئال ۋە ئىشەنچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتىن بولۇشى، نۇر ئىچىدە يېتىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن.

# تەشكىلاتلار ئارىسىدا ھەمكارلىق بەرپا قىلىش مۇھىم



-ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

مۇسۇلمان بولسىمۇ تارماق مەسىلىلەردە كۆزقاراشىنىڭ تۇرلۇك بولۇشى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى قانۇنىيىتىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەقىدە ۋە ۋەتەن- مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەشكىلارنىڭمۇ تۇرلۇك بولۇشى تەبئىي ئەھۋال. بىراق، تەشكىلاتنىڭ ساغلام ياكى كېسەل بولۇشى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە مىللەتنىڭ كىملىكىگە رىئايە قىلىش، ھەمدە بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق روھىنى قوغداش ياكى قوغدىماسلىقىقا باغلىق.

سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ بىر پۈتۈن كىملىك ئاساسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى دۈشمەنلەرنى بىئارام قىلىدۇ، قېرىنداشلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. شۇڭا، سىياسىي ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، بىر-بىرىگە قېرىنداشلىق روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئۆزىنى قانائەتلەندۇرۇشى شەرئىي نۇقتىدىن ۋاجىپتۇر. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: «كاپىرلار بىر-بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارغا ئىگە چىقمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ» دەيدۇ (ئەنفال سۈرىسى، 73 -ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن سىياسىي تەشكىلاتلىرىمىز قېرىنداشلىقنى پەرز دەپ قارىيالىسا، ئۆز ئارىسىدا ئاداۋەت، ھەسەت ۋە گۇمانخورلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ.

بىزگە ئوخشاش مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىن تۇرلۇك ئىدىيە توقۇنۇشى ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر مىللەتنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى قىيىنغا توختىشى مۇمكىن.

شۇنداقتىمۇ يەنىلا تەشكىلاتلار ئارىسىدا ياخشىلىق، تەقۋالىق، كىملىك ۋە ۋەتەن- مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەمكارلىق ئورناتقىلى بولىدۇ.

بىرلىشىش ۋە ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىنى پەرز دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە ياكى تەشكىلاتلارغا نىسبەتەن ھەمكارلىشىش ئاسانغا توختايدۇ. بىز بۈگۈنكىدەك مەۋجۇتلۇقىمىز ۋە كىملىكىمىز ھەققىدە ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتتە پىرىنسىپال نۇقتىلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشقا، ئاڭلىق بولۇشقا ۋە كۈچىمىزنى ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن موھتاج. كۈچنى ماسلاشتۇرۇش ۋە قېرىنداشلىق روھىي

بويىچە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جانلىق ۋە شۈبھىدىن خالىي سىياسىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا سىياسىي پرىنسىپ ئاساسىدا ھەمكارلىق مەجلىسى شەكىللەندۈرۈشكە ئېھتىياج چۈشىدۇ.



### ھەمكارلىق بەرپا قىلىش شوئارى:

سىياسىي پرىنسىپنىڭ روھىغا ئاساسەن كىملىك ۋە ۋەتەن- مىللەتكە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، گۇناھ ۋە ئەخلاقسىزلىق بولىدىغان ئىشلاردا ھەمكارلاشماسلىق.

### ھەمكارلىق بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى:

ئەقىدە، كىملىك ۋە ۋەتەن - مىللەتنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش.

### ھەمكارلىشىشنىڭ پايدىسى:

ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، كۈچنى ئاياش، نىشاننى بىرلەشتۈرۈش، زۇلۇمغا تەڭ قارشى تۇرۇش ۋە بىرلىك روھىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، سىياسىي ئېقىملار ئارىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورناتماي تۇرۇپ، مۇستەملىكە ئاستىدىكى ۋەتەن-مىللەتنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. سىياسى ھەرىكەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلاشمىسا، ياكى پرىنسىپال مەسىلىلەردە تالاش- تارتىش قىلسا، مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: «تالاش-تارتىش قىلماڭلار، بولمىسا مەغلۇب بولىسىلەر ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ» دەيدۇ (ئەنفال سۈرىسى، 46 – ئايەت).

ئەگەر سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارىسىدا ھەمكارلىق مەجلىسى شەكىللەنسە، پرىنسىپال ئورتاق نۇقتىلاردا بىرلەشكىلى بولىدۇ، ھەمدە تالاش- تارتىش بولىدىغان تارماق نۇقتىلارنى «مېنىڭ كۆزقارىشىم توغرا، لېكىن خاتا بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى خاتا، لېكىن توغرا بولۇشى مۇمكىن» دېيىدىغان قائىدە ئاساسىدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ھەمكارلىق مەجلىسى قۇرۇلغاندا، مەجلىسنى ھەر يىلى سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق رەئىس سايلاش، ياكى ھەمكارلاشقان ساغلام سىياسىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا ھەريىلى نۆۋەتلىشىپ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مۇمكىن.

## سىياسىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋاستىلىرى

1) سىياسىي ھەرىكەتلەر پات- پات خىزمەت قۇرۇلمىسىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ تۈزۈشقا موھتاج. چۈنكى، تەشكىلات ياكى ھەرىكەت دېگەن نىشان- غايىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدىن ئارتۇق نەرسە ئەمەس. شۇڭا، شارائىت ۋە ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقاندا، تەشكىلات قۇرۇلمىسىنى تەرەققى قىلدۇرماي قېتىۋېلىش توغرا ئەمەس.

2) سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىشىش باسقۇچىدا ھەممە ئىشلارنى تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش پىكرىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى سىياسىي نىشانلارنى تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

3) تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ھەرىكىتى گۇرۇپپا روھى بويىچە خىزمەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. گۇرۇپپا بولۇپ خىزمەت قىلىش روھىي پىداكار، شەخسىي تالاش-تارتىشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ھەمدە باشقىلار بىلەن بىرگە ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىشقا

ئادەتلەنگەن كىشىلەردە جانلىق بولىدۇ. ھەمكارلىق ھەرىكىتى قېرىنداشلىق روھىي ۋە گۇرۇپپىلىشىپ خىزمەت قىلىش ھالىتىگە قەدەم قويالىغاندا، ئۇ چاغدا دۈشمەن بۇ ھەمكارلىق ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

4) قېرىنداشلىق ۋە گۇرۇپپا بولۇپ خىزمەت قىلىش روھىغا سەل قارىغان ئىشقا، كۆپ كۈچ سەرىپ قىلىنىسمۇ، يەنىلا نەتىجە ئاز بولىدۇ. ئەگەر بەزىلەردە بەزىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى چوڭ كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ ئىجابىي نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمۇۋېلىش ياكى ئۆلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆزگە ئىلماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭغىلى بولمايدۇ، ھەمدە نىشان -مەقسەتكە يەتكىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ھەمكارلىق خىزمىتىگە قەدەم قويغاندا ئۆزىنى دائىم توغرا ئىش قىلىۋاتقان، باشقىلارنى دائىم خاتا ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كىرىۋالماستىن، خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رولىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇشقا، بىر-بىرىنى قوللاشقا ۋە بىر-بىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشتىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

5) ھەمكارلىق خىزمىتىدە ھەر تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مەسئۇلىيەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ، ھەر تەرەپ مەسئۇلىيەتنى يەنە بىر تەرەپكە ئارتىپ قويۇپ، ھېچكىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغىلى ئۇنىمايدۇ.

6) ھەمكارلىق ھەرىكىتى شەكىللەنگەندە تالاش- تارتىش يۈز بېرىپ قالسا، قوللىنىلىدىغان قائىدىلەردە بىرلىككە كېلىشكە، ھەمدە تالاش- تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىكرىي ۋە ئىلمىي سۆھبەت روھىنى جانلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

7) ھەمكارلىق ھەرىكىتىدە ياشلار ۋە كىچىكلەرنىڭ بىرلىككە كېلىنمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق لازىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەب- قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق سەۋەبىدىن ھەرخىل كۆزقاراشتا بولۇپ خىزمەت قىلسا بولىدىغان تارماق ئىشلارنى تالاش- تارتىشنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىچىك ئىشلار چوڭىيىپ، باشقىلارنى پاسىق ياكى خائىنغا چىقىرىپ قويىدىغان ئىشلار شەكىللىنىشى مۇمكىن.





# مەمتىمىنجان داموللام خىتاي زىندانلىرىدا شېھىد قىلىندى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ۋەتىنىمىز دىنىي مائارىپىدىكى ھارماس ئۇستاز مەمتىمىنجان داموللام خىتاي زىندانلىرىدا شېھىد قىلىندى.

مەرھۇم ئۇستاز مەمتىمىنجان داموللام 1964- يىلى ئىلىم – مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان گۇما ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە چىن قەلبىدىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، دەسلەپكى ئوقۇشىنى گۇما ناھىيىسىدىكى ئۇستازلاردا تاماملىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەقسىتىدە قاغىلىقتىكى يېتۈك ئۇستاز ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى، زەكىيلىكى بىلەن مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىگە مۇشەررەپ بولغان.

ئۇستاز مەمتىمىنجان داموللام ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ مەدرىسىسىدە ئىلىم خەتمە قىلغاندىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر – ناھىيىلىرىدىن نۇقتىلىق شاگىرت تۇتۇپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداقلا ھەر قانداق قىيىنچىلىق شارائىتلاردىمۇ، ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەن بوران – چاپقۇنلاردىمۇ ئىلىم – مەرىپەت تارقىتىشنى توختىتىپ قويمىغان.

ئۇستاز ۋەتىنىمىزدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئۇستازى بولۇپ، پۈتۈن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىشەنچلىك مۇراجىئەتگاھى ئىدى.

مەمتىمىنجان داموللام 2014-يىلى 11- ئايدا غۇلجىدا تۇتقۇن قىلىنىپ،

2015-يىلى 10-ئاينىڭ 26-كۈنى قويۇپ بېرىلگەن، 2016-يىلى 2-ئاينىڭ 3- كۈنى گۇما كۆكتىرەكتىكى ئۆيىدىن قايتا تۇتۇپ كېتىلگەندىن بۇيان ھېچقانداق ئىز دېرىكى بولمىغان. 2-3 كۈن بۇرۇن ۋەتەندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا مەرھۇم ئۇستاز خىتاي زىندانلىرىدا شېھىد قىلىنغان بولۇپ، ئائىلىسىگىمۇ پەقەت تېلېفۇن ئارقىلىقلا خەۋەر قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەمما قايسى تۈرمىدە، قايسى تارىختا شېھىد قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

مەتتىمىنجان داموللام ۋەتىنىمىزدىكى ئۆلىمالار ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئىلمىي ئىستىداتقا، يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە پەزىلەتلىك كىشى ئىدى، ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئۆلىمالارنى دىنىي ساھەدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پەتىۋا ۋە يېڭى-يېڭى مەسىلىلەردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەردار قىلاتتى. پىتنە-ئىغۋا، جېدەل-ماجىرالاردىن يىراق تۇرۇپ، ساغلام ۋە توغرا ئىسلامىي مۇھىت يارىتىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى. داموللامنىڭ خىتاي زىندانلىرىدا ۋاپات قىلىشى ئۇنىڭ شاھادەت ماقامىغا نائىل بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ پۈتۈن خەلقىمىزگە سەۋر ئاتا قىلسۇن. ئۇستازىمىزنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن. زالىملارنىڭ زۇلمى ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدۇ. ئاللاھ بىزگە ئەڭ ياخشى ھامىي ۋە كېپىلدۇر.

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ ۋەھشىيانە قىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز. داموللامنىڭ ئائىلىسىگە، داموللامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە جانابى ھەقتىن سەۋر تىلەيمىز.



## مەشھۇر ئىنقىلابچى، سىياسىيون

# مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى ئەسلەيمەن

-ئابدۇرېھىم غېنى ئۇيغۇر



بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مەشھۇر ئىنقىلابچى، سىياسىيون، پۈتۈن ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاتىغان مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم ۋاپات بولغانلىقىغا 55 يىل بولغان كۈن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەرھۇمنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمەن.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا،1901-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھەردە مۆتىۋەر دىنىي ئائىلدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى فەرىددىن ھاجىم خوتەننىڭ مۆتىۋەر دىنىي ئالىملىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئانىسى سەكىنە بانۇ خانىم، 1865-يىلى خوتەن مۇستەقىل خانلىقىنى قۇرغان ئابدۇراھمانخان پاشانىڭ نەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 9 يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى، 21 يېشىدا خوتەن ۋە قاراقاشتىكى مەدرىسلەردە يۇكسەك دىنىي ئىلىمنى ئىسلام بىلىملىرى ساھەسىدە پۈتتۈردى. 1922-يىلدىن 1933-يىلىغا قەدەر خوتەن ۋە قاراقاشتا قۇرئان تەپسىرى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدە باش مۇدەررىسلىك ۋەزىپىلىرىدە بولدى. ئۇستۇن ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە يېقىملىق شەخسىيىتى بىلەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە ئەتراپتا نام قازانغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي زاتلىرىغا بېرىلىدىغان <<ھەزرىتىم>> ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. بۈگۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى مەرھۇمنى<<ھەزرىتىم>> نامى بىلەن ياد ئەتمەكتە.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ياش چېغىدىن باشلاپلا، ئۇيغۇرچە، ئەرەپچە ۋە پارىسچە شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قەلەمدىمۇ يېتىلىشكەن بولۇپ شۇ دەۋرلەردە تەشەببۇس قىلىنغان <<مائارىپتا يېڭىلىققا كۆچۈش>> ھەرىكىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. مائارىپتا يۇرگۇزۇلگەن يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتچىلىق تەرەپدارى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇ زامانىنىڭ مۇتەئەسسىپ كىشىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ چەتكە قېقىلغان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاراقاشتا ياش مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى تەشكىللەپ، زالىم مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ

دەھشەتلىك مىللىي زۇلمى، مىللىي تەڭسىزلىكى ۋە ئېزىشلىرىدىن خەلقىمىزنى قانداق قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا چارە-تەدبىر ئىزدىگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن باشلىغان. شۇ چاغلاردىكى ئىجتىمائىي مۇھىتلاردىكى ناھايىتى يېتەرسىز ۋە ئاز ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا خوتەندىن ھىندىستانغا بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئەرەبىستانغا بارغان ھاجىلار بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىغان. بۇ كىشىلەر چەتئەلدىن ئېلىپ كەلگەن گېزىت-ژورناللارنى ئوقۇپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولغان. نەتىجىدە كۆڭلىدە، ئۆز ۋەتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش زوقى تۇغۇلغان. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي 1930 -يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، بۇ جايلاردىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى ۋە خەلقنىڭ روھى ھالىتى قاتارلىق ئىستىراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ ئۆگەنگەن. دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۆتىۋەر يەنى1933-يىلدىكى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام قاتارلىق زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە كۆپ پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە، مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتىدە قوراللىق مىللىي ئىنقىلاپتىن باشقا چارە يوق، دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن1930-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا رەھبەرلىكىدە بىر يوشۇرۇن<<مىللىي ئىنقىلاپ كومىتېتى>>تەشكىلاتى قۇرۇپ چىققان. 1933-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا سابىت داموللام بىلەن بىرلىكتە تەشكىلات ئادەملىرىنى ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ سەھەر سائەت بەشتە قاراقاش ناھىيىسىدىكى خىتاي بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ قاراقاش ناھىيىسىنى قولغا ئالدۇ ۋە داۋاملىق ئىلگىرلەپ خوتەننىڭ باشقا يەرلىرىنمۇ قولغا كەلتۈرۈدۇ. ھەمدە



4-ئاينىڭ 11-كۈنى خوتەندە <<خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى >> نى قۇردۇ. ئۆزى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش قۇماندانى بولىدۇ.

خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن سابىت داموللامىنى قەشقەرگە ئەۋەرتىپ 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.



خوتەن ھۆكۈمىتى 1934-يىلغا كەلگەندە مىلىتارىست تۇڭگان ماخوسەننىڭ ھۇجۇملىرىدا مەغلۇپ بولۇپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھىندىستانغا ھىجرەت قىلدۇ. ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان پامىر ۋە ۋاخان تاغلىق رايونلىرىدا <<قوراللىق يىغىلىش ۋە يۇرتقا قايتىش>> پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ شەرقى تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلدۇ.

بۇ جەرياندا بىختەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا <<ئابدۇللاخان ياركەندى>>- دېگەن ئىسىمنى قوللىنىدۇ. قۇرال ياراقلارنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىش ئۈچۈن بىر مىليۇن سەر كۈمۈش سەرىپ قىلىپ ئافغانىستاننىڭ چېگرا رايونىدىكى <<ۋاخان>> قەبىلىلىرىدىن قۇرال-ياراق ۋە 1000كىشىلىك ئاتلىق بىر ئەترەتنىڭ ياردەم بېرىشى ئۈچۈن توختام تۈزدۇ. ئەمما



ئافغان قەبىلىسى كىلىشىمگە خىيانەت قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. ئۇ يىللاردا غەربى تۈركىستاننى بېسىۋالغان روسلار ۋە ھىندىستاندا ئەۋج ئالغان مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ئىنگلىزلار ئۆز چېگرىلىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرغا چىققان مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ھەركىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا چېگرا ئەتراپىدىكى ئاكتىپ ھەركەتلىرىنى توختۇتۇپ بىتەرەپلىك سىياستى ئىجرا قىلىۋاتقان ئافغانىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە 1942-يىلغا قەدەر سىياسى مېھمان سۈپىتىدە كابۇل شەھرىدە تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا كابۇلدىكى ياپونىيە ئەلچىخانىسى بىلەن مەخپى ئالاقە قىلىشنى باشلايدۇ. 1936-يىلى ياپونىيە كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە ياپونىيەنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كىتادا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولاش ئۈچۈن ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن ھەربى ياردەم سورايدۇ ۋە ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن <<كوممۇنىزىمدىن مۇداپىئە كۆرۈش كاردۇرى>> ھەققىدە ھەمكارلىق ئورنىتىش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. باش ئەلچى كىتادانىڭ ياپونىيەگە ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك يوللىغان 1000 بەتلىك تېلېگراممىلىرىدىن بۇ ھەقتە

تېخمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئافغانىستاندىكى ۋاقتىدا ئۇزۇنىڭ كاتتا ئەسىرى بولغان <<شەرقى تۈركىستان تارىخى>> دىگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە يەنى 1940-يىلى ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن مىللەتچى خىتاي يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خىتاي مۇسۇلمانلىرى دوستلۇق ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئافغانىستانغا كىلىدۇ ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرى

پاۋ ئەپەندى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ھىندىستاندا تۇرۇپ خىتاي تۈركىستان ئورتاق مەنپەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمى بۇيرۇق يوقلىقىنى باھانە قىلىپ تىزراق خىتايغا كىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خىتايغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەب بىلەن كونسۇل مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى خىتايغا قارشى ھەركەت قىلىدۇ دىگەن گۇمان بىلەن ھىندىستاندىن چىقىرۋېتىشكە ھەركەت قىلىدۇ. 5-ئاينىڭ 2-كۈنى ھىندىستان ساقچى تەرەپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى بىر نەۋرە ئىنىسى



ھەققىدە ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ بىر پىكىرگە كىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەيسا يۇسۇپتىن جىياڭ جېشىغا خەت ئىۋەرتىپ ئۇزىنىڭ ھىندىستانغا كىلىپ خىتاي-تۈركىستان ئورتاق مەنپەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا قۇشۇلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋە جىياڭ جېشىنىڭ قۇشۇلۇشى بىلەن 1942-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ھىندىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھرىگە كىلىدۇ ۋە كالكۇتتادىكى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئەلچىسى پاۋ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشىدۇ. خىتاي باش ئەلچىسى

ئابدۇلكەرىم ھاجىم بىلەن قوشۇپ پىشاۋۇر مەركىزى تۈرمىگە قامايدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە بىر قانچە قېتىم مۇراجىئەت قىلىپ ئۇزىنىڭ نىمە جىنايەت بىلەن قامالغانلىقىنى سورايدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىقىپ كىتىش شەرتى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بىرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇراجەت يېزىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئاخىرى ئايالى جىياڭ جېشى،ئەيسا يۇسۇپ ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە مۇراجەت

يازدۇ. نەتىجىدە جىياڭ جېشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىتاي باش كونسۇلىنىڭ كاپالەت بېرىشى نەتىجىسىدە، 1943-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى قاماقتىن بوشىتىلىپ كالكۇتتىكى خىتاي باش كونسۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1943-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭ ئايرودرومىغا يېتىپ



باردۇ. ئەيسا يۈسۈپ باشلىق يۇرتداشلار ۋە گومىنداڭنىڭ يۇزگە يېقىن ئەمەلدارلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. جىياڭ جېشىمۇ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئۇزىنىڭ يۇرتى ۋە مىللىتى ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەيدۇ ۋە چوڭچىڭدا تۇرۇپ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ يازمىنى تەييارلاشتا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم ئۆزى يازغان كىتابلاردىن تەييالانغاچ بولغاچقا، كىتابتىكى تۈركىستان دىگەن ئىسمىنى مەنمۇ مۇئەللىپىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ئەينەن قوللاندىم.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ ھاياتىنى ۋە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئىككى قىسمغا بولۇپ تەييارلىدىم. داۋامى داۋاملىق تولۇقلاپ يوللىنىدۇ. ئەسلىدە ۋىدىيوسىمۇ ئىشلىنىپ ئىنگىلىزچە تېكىستىت كىرگۈزۈپ تارقىتىلماقچى ئىدى ئۈلگۈرمەي قالدى. ئاللاھ خالىسا پات ئارىدا ۋىدېئوسىمۇ ئىشلىنىدۇ.

مەنبە: شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەسەرلىرى، 100 مەشھۇر شەخس، تور دۇنياسى

# 76 دىنىي رەھبەر

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشا جىددىي ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىردى!



يەھۇدىي خاتىرىلىرى، 2020-يىلى 8-ئاۋغۇست

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان دىنىي جامائەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 76 نەپەر دىنىي رەھبەر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى خەلقئارالىق تەكشۈرۈشنى ۋە جاۋابكارلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

خەلقئارالىق تەكشۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلغان ئىمزا قويغۇچىلار، شىنجاڭ(شەرقىي تۈركىستان-ت)دىكى باستۇرۇش «(يەھۇدىي) چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن بۇيانقى ئەڭ قەبىھ ئىنسانىي پاجىئەلەرنىڭ بىرى» دېدى.

ئەنگلىيەدىكى 20 راھىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 76 نەپەر دىنىي رەھبەر ئەنگلىيە، شىمالىي ئامېرىكا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تۈرلۈك دىنلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار «خىتايدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان يوشۇرۇش ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە چاقىرغان ئوچۇق خەتكە ئىمزا قويىدى.

شەنبە كۈنى ئېلان قىلىنغان بۇ خەتكە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئىتالىيە، بېرما ۋە ھىندىنوزىيەدىن كەلگەن تۈرلۈك دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىمزا قويغان.

ئۇنىڭ ئىمزا قويغۇچىلىرى يەھۇدىي دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىئان دىنى، شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە تىبەت بۇددا دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

غەربىدىكى شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلىنغان زىيانكەشلىك «چوڭ قىرغىنچىلىقتىن بۇيانقى ئەڭ قەبىھ ئىنسانىي پاجىئە». مەكتۇپتا خىتاينىڭ رايوندىكى سىياسەتلىرىنى خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ۋە جىنايەتلەرنىڭ جاۋابكارلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان.

خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز نۇرغۇن زىيانكەشلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكنى كۆردۇق، بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. ئەمما يەنە بىرى مەسىلە شۇكى، ئەگەر جازالانماستىن داۋاملاشتۇرۇشقا يول قويۇلسا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئادەم - ئۇيغۇرلار- ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئىرادىسىگە قارىتا جىددىي گۇمان پەيدا قىلىدۇ».

ئىگىلىنىشچە، خىتاي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا مەجبۇرىي ئەمگەك، نازارەت قىلىش، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئادەتلىرىنى قاتتىق چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خورلاش ۋە باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: خىتاينىڭ يىراق

باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: خىتاينىڭ يىراق دەپسەندىچىلىكلەرنى يۈرگۈزگەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەنقىدچىلەر خىتاينىڭ ھەرىكىتىنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى يەھۇدىي رەھبەرلىرى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار يەنە ئون نەچچە مۇسۇلمان رەھبەرنى، كانتېربۇرىينىڭ سابىق باش پوپى ئېپىسكوپى روۋان ۋىللىيامىس، لوندوننىڭ كوپتىكا-پراۋوسلاۋىيە باش پوپى ئانگېلوس بىلەن بىرما ۋە ھىندونېزىيەنىڭ كاتولىك كاردىناللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەھۇدىي ئىمزا قويغانلار ئىچىدە پېشقەدەم سېفاردى رابىي جوسېف دۆېك، گولدېرس يېشىل سىنوگوگىنىڭ پېشقەدەم ئۇستازى دوكتور خارۋېي بېلوۋىسكىي،



ئەركىن يەھۇدىي دىنىنىڭ ۋاقىتلىق دىرېكتورى رابىي چارلىي باگىنسكىي، ئالىي ئىسلاھات رابىي لاۋرا جاننېر-كلائىۋسنېر ۋە رابىي بارونېس جۇلىيا نېببېرگېر قاتارلىقلار بار.



ئۇچۇق خەتنىڭ ئاپتورلىرى يېقىندا ئىلان قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان دوكلاتلارغا ئىشارەت قىلىدى «1948-يىلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن، بۇ ھەرىكەتنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.»

دىنىي رەھبەرلەر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئېنىق مەقسىتى ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش».

بۇ مەكتۇپ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باستۇرۇلۇشىنى چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، دۇنيا «ھەرگىز قايتىلانمايدۇ»دېدى. بۈگۈن بىز بۇ سۆزلەرنى «ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاۋاتىمىز».

«بىز ھەممە يەردىكى ئېتىقادلىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنى بىز بىلەن بىللە بولۇشقا، دۇئا، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەرىكە ئارقىلىق بۇ ئامموۋى ۋەھشىيلىكنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىمىز. بىز ئادىللىق ئۈچۈن ئاددىي بىر چاقىرىق قىلىمىز: بۇ جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بەرپا قىلىش».

بۇ مەكتۇپ، «ئەنگلىيە يەھۇدىي ۋەكىللەر كېڭىشى»، خرىستىيان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى CSW، شۇنداقلا ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بولغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»، «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىتتىپاقى» ۋە «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش» قاتارلىقلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى.

ئىمزا قويغۇچىلار يەنە، مەكتۇپتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قىلىنغان ئەڭ ئېغىر باستۇرۇش»قا دۇچ كەلگەن دەپ تەسۋىرلەنگەن تىبەت بۇددىستلىرى، فالۇنگۇڭچىلار ۋە خىتاي خرىستىيانلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.



# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھىيلىسى

## مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستاندا، خىتاي دائىرىلىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نامىدا ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلماقتا. بىر كىيىم-كېچەك زاۋۇتىنىڭ خىتاي باشقۇرغۇچىسى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىدى.

زىمىستان تورى 2020 -يىلى 30 -ئىيۇل

شەنشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن بۇ خىتاي شىنجاڭ(شەرقىي تۈركىستان-ت)نىڭ جەنۇبىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇ «زىمىستان تورى»غا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ زاۋۇتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ۋاڭ خاۋ دېگەن ئۆزگەرتىلگەن ئىسمىنى ئىشلىتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ خاۋنىڭ زاۋۇتىدا مىڭلىغان ئۇيغۇر خىزمەتچىسى بار. خ ك پ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نامىدا ئائىلىسىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەجبۇرلىغان، شۇنداق قىلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى بارلارنىڭ ھەممىسى (بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايالLارمۇ بار) مەلۇم تۆۋەن تېخنىكىلىق، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن ياسىمىچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، «خىزمەت قىلالايدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ چوقۇم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا» كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، «دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىكنى يوقىتىش» نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسى يۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى پارتىيەنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ. داڭلىق شىنجاڭ مەسىلىسى تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى بولغان ئادرىئان زېنزنىڭ قارىشىچە، «بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئەمگەك «ئاشقۇنلۇق» ئىدىيىسىنى يوقىتىشنىڭ




ئىستراتېگىيىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىگەن.»

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىزمەتچىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر سائەت يۈگۈرۈشى، ئاندىن 13 سائەت خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار دائىم كېچىدە سائەت 1 گىچە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۈندىلىك خىزمەت ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ ئايلىق مائاشى بەكلا تۆۋەن: ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى ئاران 500 يۈەن (تەخمىنەن 70 دوللار)، نازارەتچى ۋە گۇرۇپپا رەھبەرلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى سەل يۇقىرى. ئۇيغۇر ئىشچىلىرى زاۋۇتلاردا تۇرىدۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆيگە قايتىشقا ناھايىتى ئاز رۇخسەت قىلىنىدۇ. بەزى شىركەتلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاران 16 ياش. بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتا ئانىسى ئاتالمىش تەربىلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا سولانغان.ئۇنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپ تەرىپىدىن خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، مەكتەپ شىركەت بىلەن توختام ئىمزالىغان.

كۆنەس ناھىيىسىدىكى بىر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللار (توردىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر ئىشچىلار زاۋۇتلاردا تۇرىدۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆيگە قايتىشقا ناھايىتى ئاز رۇخسەت قىلىنىدۇ. بەزى شىركەتلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاران 16 ياش. بۇ بالىلارنىڭ% 80 نىڭ دادىسى قايتا تەربىيلەش لاگېرلىرىغا سولانغان، بەزىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قامالغان. ئۇ «بۇ بالىلار بەكمۇ بىچارە» دېدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپ تەرىپىدىن خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، مەكتەپ شىركەت بىلەن توختام ئىمزالىغان.

زاۋۇتلار ھەتتا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ.

بۇ خىل خىزمەت شەكلىگە سېلىشتۇرغاندا، تەربىيلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدىكى

ئۇيغۇرلارتېخىمۇ ئەرزان. «تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسا ھەقسىز ئەمگەكچى - ئۇلارغا ئىش ھەققى بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق».
ۋاڭ خاۋ يەنە مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەت بۇ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى سىرتقا كەسپىي تەربىيەلەش كۇرسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇپ كونترول قىلىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە تۈرمە. قولغا ئېلىنغانلار كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىشلىشى كېرەك.»

ئۆتكەن يىلى يازدا، خ ك پ قايتا تەربىيەلەش لاگېرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇناسىۋىتى يوق. ۋاڭ خاۋ مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەت ئېھتىياجلىق بولغىنى ئۇيغۇرلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتىش.» ھازىر ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى باستۇرۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يوقىتىدۇ، ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشنى چەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي بايراملارنى تەبرىكلىشىنى ۋە مەسچىتكە بېرىپ ئىبادەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ، پەقەت بىرلا ئېتىقاد بار:



قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ «مۇۋاپىق خىزمەت» تاپقانلىقىنى ئېلان قىلدى. كېيىن، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا يۆتكىلىشكە باشلىدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭ «ئېشىنچا ئەمگەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ»، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ خاۋنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇريي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلان قىلىنغاندەك ئاددىي ئەمەس، ھەمدە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» بىلەن ئىشەنسىڭىز پەقەت خىتاي كومپارتىيىسىگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك.»

ئۇنىڭ قارىشىچە، خ ك پ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» باھانىسى بىلەن يولغا قويغان تەربىيەلەش ياكى ئەمگەك سىياسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۇرمىگەن، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلەتكەن.

ۋاڭ خاۋ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى گۇاڭدۇڭدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار بەش-ئالتە مىڭ يۈەن (تەخمىنەن 700-840 دوللار) ئالالايتتى، بۇ ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھازىرقى مائاشىنىڭ

10 ھەسسىسىگە تەڭ.» ئەمما ھازىر ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. كەم دېگەندە ئۈچ ئەۋلاد ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھېچقانداق جىنايەت خاتىرىسى يوقلار تەستىقلانغاندىن كېيىن شىنجاڭدىن ئايرىلالايدۇ».

ۋاڭ خاۋ بىر ئۇيغۇر ئەرنى تونۇيدىغان بولۇپ، ئۇ خىتايدا ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ئۈچۈر تېخنىكىسىدا ئىشلىگەن، ئەمما ھۆكۈمەت ئۇنى شىنجاڭغا مەجبۇري قايتۇرغان. ھازىر، ئۇ كىيىم-كېچەك زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ، پەقەت ئازغىنە ئىش ھەققى ئالالايدۇ، ھەمدە نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئۇ يەنە بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنى بىلىدۇ. دادىسى ۋە ئۈچ ئوغلى ئىلگىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەيتتى، ئەمما ئۇلارمۇ شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە تەربىيلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئايالى ۋە بالىلىرى بولۇپ ئۇنىغا يېقىن ئادەم بار. ھازىر ئۇلار پەقەت بىر كىچىك ئوغلىنىڭ ئىشلىشىگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى تەستە قامدايدۇ، غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ۋاڭ خاۋ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «بەزىلەر شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇق يوق دېيىشىدۇ. ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتاي بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئۇلارغا قوشۇلىمەن».




شەرقىي
تۈركىستان
خىتاي
Rad
2020

# مەنبەلەر

https://www.rfa.org/%E2%80%A6/qisq%E2%80%A6/munir-yer-zin-06292020131600.html

http://turkistantimes.com/uy/news-13332.html

https://ogunhaber.com/

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتنىڭ خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياماچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر يۇسۇپجان قۇرۇم

لايىھىلىگۈچى ئۆركەش

بەتچىك ئىرشات سەرھان

ھەجۋى رەسىم رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى



ئادرېس Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00